# ئىستىقلال ئاۋازى

ئىيۇن 2025
ئومۇمىي 59- سان

## ئامېرىكا سۈرىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتتى

شەرقىي تۈركىستانغا قايتىۋاتقانلارنى قانداق رېئاللىق كۈتىۋاتىدۇ؟
7-بەت

شەرقىي تۈركىستان خەلقى تۇپراقتا كۆمۈلۈش هوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قالدۇرۇلماقتا
15-بەت

يېڭى دوكلات ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى مەسىلىسىنى قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى
19-بەت

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مەھەللىرىنى يوقىتىش جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا
37-بەت



ISTIQLAL

# باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق



ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.

ISTIQLAL

**باش مۇھەررىر**
ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

**تەھرىر**
ي. قۇرۇم

**لايىھەلىگۈچى**
س. تارىم

**كارىكاتۇر**
رادۋا ئادىل

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن**
شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيىتى

**نەشر تۈرى**
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**ئادرېس**

Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL

1 ئۇيغۇرلار قۇربان ھېيت ھارپىسىدا ختاي بايرىمىنى مەجبۇرىي تەبرىكلىدى

3 ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادىتىمۇ ختاينىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلالمىدى

5 ئامېرىكا سۇرىيەدىكى چەت ئەل جەڭچىلىرىگە قاراتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتتى

7 شەرقىي تۈركىستانغا قايتۇۋاتقانلارنى قانداق رېئاللىق كۈتۈۋاتىدۇ؟

9 يېڭى دوكلات شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر بۇلغىنىشنى پاش قىلدى

11 ختاي ئۇيغۇرلارنىڭ سۇرىيە ئارمىيەسىگە قوشۇلۇشىغا ئىنكاس قايتۇردى

13 بايراملىق تۈسىنى يوقاتقان قۇربان ھېيت ختاينىڭ تەشۋىقات ۋاستىسىگە ئايلاندى










15 شەرقىي تۈركىستان خەلقى تۇپراقتا كۆمۈلۈش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قالدۇرۇلماقتا

17 خىتاي ئويدۇرما قەھرىمانى ۋەن توڭشۇنىڭ قولىيازمىلىرىنى مىراس تىزىملىكىگە كىرگۈزدى

19 يېڭى دوكلات ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى مەسىلىسىنى قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى

23 خىتاي ئۇزۇن يىل پىلانلاپ قۇرۇپ چىققان توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن

25 خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن قانچىلىك كۆمۈر بايلىقى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى؟

27 دۆلەت ئەربابى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋاپاتىنىڭ 60 يىللىقى خاتىرىلەندى

29 خىتاي ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرىنى جازا تىزىملىكىدىن چىقىرىشنى ئويلاشماقتا

31 2-نۆۋەتلىك خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنى قازاقىستاندا ئېچىلدى

35 ئۈرۈمچى بىلەن سەمەرقەنت «دوست شەھەر» مۇناسىۋىتى ئورناتتى

37 خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مەھەللىرىنى يوقىتىش جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا

39 خىتاي ئۈرۈمچىدە ئاسىيا-ياۋروپا سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى

41 شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان گازنى خىتايغا يەتكۈزۈش لىنىيەسى تۆتكە يەتتى

43 كانادا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ خەيكاڭ شىركىتىنى «قارا تىزىملىك»كە كىرگۈزدى

45 كارىكاتۇر

# ئۇيغۇرلار قۇربان ھېيت ھارپىسىدا ختاي بايرىمىنى مەجبۇرىي تەبرىكلىدى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ بايرىمى بولغان قۇربان ھېيت يېقىنلىشىۋاتقان بىر مەزگىلدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ختاينىڭ تاڭزوڭزا (دۋەنۋۇ) بايرىمىنى تەبرىكلەشكە مەجبۇرلاندى.

ختاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ختاي مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرىي تېڭىپ كەلگەن بولۇپ، بۇرۇن ختاينىڭ ئەنئەنىسى دەپ تەكىتلىنىپ كەلگەن تۈرلۈك بايراملار نۆۋەتتە «بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايرىمى» نامىدا تەشۋىق قىلىنماقتا.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئالاقىدار خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق جايلىرىدا ختاينىڭ تاڭزوڭزا بايرىمى ئۈچۈن تۈرلۈك پائالىيەتلەر، مۇسابىقىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. خەۋەردە خوتەن، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن مىسال كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، خوتەن «ئەجدىھا قولۋاق كوماندىسى»نىڭ بايرام



مۇناسىۋىتى بىلەن 4000 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ خوتەنگە جايلاشقان مىلوجىياڭ دەرياسىدىكى قولۋاق مۇسابىقىسىگە قاتناشقانلىقى، بۇ ئاتالمىش «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى بىلجىرلاشلار ئورۇن ئالغان.

خەۋەردە يەنە ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ بايرام مەزگىلىدە قولۋاق ھەيدەش، زۇڭزا تۈگۈپ يېيىش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن بايرام تەبرىكلىگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تارقالغان سىنلاردا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ خىتايچە ئەنئەنىۋى كىيىملەرنى كىيىپ، زۇڭزا تۈگۈش، قەغەز قىيىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە تەشكىللەنگەنلىكى، سەھنىلەردە تۈرلۈك نومۇرلارنى ئورۇندىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى ئاتالمىش «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» (يەنى ئاتالمىش خىتاينى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، خىتايچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش)، «شىنجاڭنى مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى بىلەن باغلاپ ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى بولسا چەتكە قېقىلماقتا، چەكلەنمەكتە.



# ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادىتىمۇ خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلالمىدى

شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى خىتاي ئاققۇنلىرى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلانغاندىن سىرت، ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادەتلىرىمۇ خىتايچىلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئاستىدا قالماقتا.

ئالدىنقى كۈنلەردە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان سىنلاردىكى كۆرۈنۈشلەر مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى. مەزكۇر سىنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ توي مەرىكىسىدە كېلىن ۋە كۈيئوغۇلنىڭ پۈتۈنلەي خىتايلارنىڭ قىزىل رەڭلىك ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيىپ توي قىلغانلىقى، مەرىكە زالىغا خىتاينىڭ پانۇسلىرى ئېسىلغانلىقى، توي ئادەتلىرىنىڭمۇ پۈتۈنلەي خىتايچە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

خىتايچە كىيىمدىن باشقا، يەنە ئالاھىدە دىققەت تارتىدىغىنى كېلىنلەر ۋە كۈيئوغۇللارنىڭ خىتايلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئاتا-ئانىسىغا تازىم قىلىشى، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىغا، ئەنئەنىسىگە پۈتۈنلەي زىت ھالدا يۈكۈنۈپ باش ئۇرۇشى بولغان. مەيلى توي قىلغۇچىلار بولسۇن، ياكى



قاتناشقۇچىلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ چىرايىدا توي خۇشاللىقىدىن ئەسەر كۆرۈلمىگەن بولۇپ، ئەكسىچە بىئاراملىق، قايغۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆرۈنۈشلەردىن بۇ خىل تويلارنىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ كىملىكىنى، ئېتىقادىنى، ئەنئەنىلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا، خىتايچىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، شاھىتلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، تويدىكى ئەڭ مۇھىم باسقۇچلارنىڭ بىرى بولغان نىكاھ ئوقۇشمۇ ئاللىبۇرۇن چەكلەنگەن، خەلق ئاشكارا تىلغا ئالالمايدىغان مەسىلىگە ئايلانغان. خەلقنىڭ نۆۋەتتىكى ئازغىنە خۇشاللىق كۈنلىرى ھېسابلىنىدىغان توي مەرىكىلىرىمۇ خىتاينىڭ قارا قولىدىن قۇتۇلۇپ قالالمىغان.

# ئامېرىكا سۇرىيەدىكى چەت ئەل جەڭچىلىرىگە قاراتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتتى

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يېڭى سۇرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نەچچە مىڭغا يېتىدىغان، ئاساسلىق ئۇيغۇرلار بولغان چەت ئەللىك جەڭچىلەرنى دۆلەت ئارمىيەسىگە قوشۇشىغا ماقۇللۇقىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان.

روېتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 2-ئىيۇن ئېلان قىلغان مەخسۇس خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكىنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋە يېڭىدىن سۇرىيە ۋەكىللىكىگە تەيىنلەنگەن توماس باراك بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلىغان. ئۇ روېتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ ئالاقىدار سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، چەت ئەللىك جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۇرىيەنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىگە ئىنتايىن سادىق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى دۆلەت سىستېمىسىنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇشنىڭ چىقىرىۋېتىشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. بۇندىن ئىلگىرى ترامپ ھۆكۈمىتى سۇرىيەدىكى چەت ئەللىك جەڭچىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلغانىدى.



خەۋەردە دونالد تىرامپنىڭ ئۆتكەن ئايدا ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سۈرىيەگە بولغان پوزىتسىيەسىدە كەسكىن ئۆزگىرىش بولغانلىقى، ئەسەد دەۋرىدىكى سۈرىيەگە يۈرگۈزۈلگەن جازالارنىڭ تىرامپ تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى، تىرامپنىڭ رىيادتا سۈرىيەنىڭ ۋاقىتلىق پرېزىدېنتى ئەھمەد شەرئى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە يېقىن دوستى توماس باراكنى سۈرىيە ئالاھىدە ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

نۆۋەتتە سۈرىيەنىڭ ئۈچ مۇداپىئە ئەمەلدارى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ پىلانىغا ئاساسەن، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بولغان تەخمىنەن 3500 چەت ئەللىك جەڭچىنى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 84-دىۋىزىيەگە قوشۇۋېتىدىغانلىقىنى، بۇ دىۋىزىيەدە سۈرىيەلىك ئەسكەرلەرنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ سىياسىي ئەمەلدارى ئوسمان بۇغرا رويتېرس ئاگېنتلىقىغا يازغان جاۋاب خېتىدە تەشكىلاتنىڭ ھازىر سۈرىيە مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، دۆلەت سىياسىتىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى، سىرتقى ئورگانلار ياكى گۇرۇپپىلار بىلەن مۇناسىۋەت ساقلىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بەشەر ئەسەد رېجىمى بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەھمەد شەرئى باشچىلىقىدىكى يېڭى ھاكىمىيەت سىستېمىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ ئورۇن ئالغانىدى. خىتاي بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، سۈرىيە يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇق كۈچلىرىگە زەربە بېرىشى كېرەكلىكى» ھەققىدە جار سالغانىدى.

ۋاشىنگتونغا جايلاشقان ئەقىل ئامبىرى «ۋاشىنگتون ئىنستىتۇتى» 17-ئاپرېل ئېلان قىلغان ئانالىز ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسەد رېجىمىنى ئاغدۇرۇشتىكى رولىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ نۆۋەتتە خىتاينى نىشانلاۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ ئافغانىستان ۋە سۈرىيەدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلەر ھەققىدىكى ئەندىشىسىنىڭ قاتتىق كۈچەيگەنلىكىنى، خىتاينىڭ يېڭى سۈرىيە ھاكىمىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈلگەندى.

# شەرقىي تۈركىستانغا قايتىۋاتقانلارنى قانداق رېئاللىق كۈتۈۋاتىدۇ؟

خىتاي يېقىنقى مەزگىللەردە تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئاز بىر قىسىم تاللانغان ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىغا رۇخسەت قىلىۋاتقان ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قايتىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ نورمال ھالەتتە ئىكەنلىكىدەك ساختا كۆرۈنۈشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ئۇرۇنماقتا. ھالبۇكى، تارقىلىۋاتقان سىنلاردىكى ئىنچىكە نۇقتىلار ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىماقتا.



ئالدىنقى كۈنلەردە تارقالغان بىر سىندا چەت ئەلدىن شەرقىي تۈركىستانغا قايتقان بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ ئايرودۇرومدا تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولغان كۆرۈنۈشلىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئىنچىكە نۇقتىلار مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

مەزكۇر ئۇيغۇر ئايال ئايرودۇرومدىن چىقىۋاتقاندا ھىجابلانغان ھالەتتە بولۇپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئايال قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەچ، ئۇنىڭ ياغلىقىنى تۇتۇپ، قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى دېگەن. ئۇيغۇر ئايال دەرھال ياغلىقىنى ئېلىۋەتكەن. بۇندىن ئىلگىرى تارقالغان سىنلاردىمۇ ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ، ھەتتا مومايلارنىڭ كامېرانى كۆرگەندە جىددىيلىشىپ، دەرھال ياغلىقىنى ئېلىۋەتكەن كۆرۈنۈشلىرى تارقالغانىدى.




خىتاي پۈتۈن تەشۋىقات كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ، تۈرلۈك باستۇرۇشلارنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ خىل كۆرۈنۈشلەر دەل ئەكسىنى كۆرسەتمەكتە.

بۇلاردىن سىرت، چەت ئەلدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانغا قايتىۋاتقانلىقى كۈچلۈك تەنقىد قىلىنىۋاتقان بولۇپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ۋەتەنگە قايتىشنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرىغا ھەسسە قوشۇش بولىدىغانلىقى تەكىتلەنمەكتە.

# يېڭى دوكلات شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر بۇلغىنىشنى پاش قىلدى



ئەڭ يېڭى تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ ئېغىر سانائەت كەسپىنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكىشكە ئەگىشىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىمۇ ئېغىرلاشقان بولۇپ، بۇ يىل تۇنجى پەسىلدە شەرقىي تۈركىستان مۇھىتى ئەڭ بۇلغانغان جايغا ئايلانغان.

فىنلاندىيەدىكى ئېنېرگىيە ۋە ساپ ھاۋا تەتقىقات مەركىزىنىڭ 4-ئىيۇن ئېلان قىلغان تەتقىقات دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي

يېقىنقى يىللاردا ئالىيۇمىن تاۋلاش، كۆمۈر سانائىتى قاتارلىق ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى كەسىپلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكىگەن. شەرقىي تۈركىستاندا توك ۋە ئېنېرگىيە تەننەرخىنىڭ تۆۋەن بولۇشى خىتاينىڭ نۇرغۇنلىغان ئېغىر سانائەت كارخانىلىرىنى جەلپ قىلغان. ئەمما مۇھىتنى قوغدايدىغان ئۇل ئەسلىھەلەر ۋە ئالاقىدار باشقۇرۇش تەدبىرلىرىگە سەل قارالغان. بۇ سەۋەبلىك بۇلغىنىش ئېغىرلاشقان.



تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى مۇھىت بۇلغىنىش دەرىجىسى يېقىنقى ئون يىلدا روشەن تۆۋەنلەپ، ياخشىلىنىشقا باشلىغان. ئەمما تەبىئىي بايلىقلىرى ئىلغار تېخنىكىلار ۋە غايەت زور مەبلەغ بىلەن بىلەن توختىماي بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىۋاتقان، ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بارغانسېرى ناچارلىشىشقا قاراپ ماڭماقتا.




# خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ سۇرىيە ئارمىيەسىگە قوشۇلۇشىغا ئىنكاس قايتۇردى

6-ئىيۇن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا سۇرىيە مەسىلىسى ھەققىدە ئوچۇق يىغىن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ مۇئاۋىن ۋەكىلى گېڭ شۇاڭ سۇرىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىپادە بىلدۈردى.

سۇرىيەدىكى خىمىيەلىك قوراللار ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر يىغىندا خىتاي ۋەكىلى خەلقئارانىڭ خىمىيەلىك قوراللارنى چەكلەش ئەھدىنامىسىنى قوللايدىغانلىقىنى دەۋا قىلدى ۋە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سۇرىيەدىكى ئۇيغۇرغا قارا چاپلاشقا ئۇرۇندى.

گېڭ شۇاڭ سۆزىدە: «بىز يېقىنقى كۈنلەردە سۇرىيەدىكى چەت ئەل تېررورچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ سۇرىيە



ھۆكۈمەت ئارمىيەسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرگە دىققەت قىلىۋاتىمىز. بىز سۇرىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىنى ۋە بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بارلىق تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەرگە زەربە بېرىپ، خەتەرلىك خىمىيەلىك ماددىلار ۋە خىمىيەلىك قوراللارنىڭ تېررورچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىنى تەلەپ قىلىمىز» دەپ جار سالدى.

سۇرىيەنىڭ مۇداپىئە ئەمەلدارلىرى يېقىندا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بولغان تەخمىنەن 3500 چەت ئەللىك جەڭچىنى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 84-دىۋىزىيەگە قوشۇۋەتكەنلىكىنى دەلىللىگەندى. ئىلگىرى بۇنىڭغا قارشى چىققان ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ مەيدانىنى ئۆزگەرتكەن بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن سۇرىيە ۋەكىلى توماس باراك چەت ئەللىك جەڭچىلەرنى دۆلەت سىستېمىسىنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇشنىڭ چىقىرىۋېتىشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكىنىڭ بۇنى قوللايدىغانلىقىنى، ئەمما ئىجرا قىلىش جەريانىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەندى.




# بايراملىق تۈسىنى يوقاتقان قۇربان ھېيت خىتاينىڭ تەشۋىقات ۋاستىسىگە ئايلاندى

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار باشلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ چوڭ بايرىمى بولغان قۇربان ھېيت بۇ يىلمۇ ئەسلىي ماھىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالدا، خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقات ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇلدى.

خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئالدىنقى كۈنلەردە قۇربان ھېيت ھەققىدە بىر تۈركۈم خەۋەرلەرنى تارقاتقان بولۇپ، خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى خىتايلار بىلەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئاتالمىش «قوشماق

تۇغقان سىياسىتى» ئاستىدا بىرلىكتە ھېيت ئۆتكۈزگەنلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى نامايان قىلغانلىقى، خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ پېشقەدەملەرنى يوقلاپ ھال سورىغانلىقى، خەلقنىڭ كومپارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى ھېس قىلغانلىقى... دېگەندەك ساختا تەشۋىقات ئىبارىلىرىگە تولغان.

خەۋەرلەردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بايراملىق تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، سىنلىق خەۋەرلەردە خىتايلارنىڭ ياڭگېر ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان ياكى ئۇيغۇرچە كىيىم كىيگەن خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى كۆرسىتىلگەن.

ھالبۇكى، نۆۋەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندا قۇربانلىق قىلىش، ھېيت نامىزى ئوقۇشقا ئوخشاش قۇربان ھېيتتىكى ئاساسلىق ئىش-پائالىيەتلەر ۋە ئىبادەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، ھەتتا خىتاي كۆز بوياش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان ئاتالمىش «ئىسلام جەمئىيىتى»نىڭ ئورگان تور بېتىدە ھېيتقا ئالاقىدار ھېچقانداق مەزمۇن كۆرۈنمىگەن.

ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان سىنلاردىمۇ قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدىكى مەيداننىڭ چۆلدەرەپ قالغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرلار ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان، ساماغا چۈشىدىغان قاينام-تاشقىنلىقتىن ئەسەر قالمىغان. مەزكۇر سىنلاردا يەنە ھېيتگاھ مەيدانىغا ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ توختىتىپ قويۇلغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى، خەلقنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ساختا تەشۋىقاتلىرىدىكى ئىنچىكە نۇقتىلار، تارقىلىۋاتقان ئاز بىر قىسىم سىنلار خىتاينىڭ ساختىپەزلىكىنى پاش قىلماقتا.

# شەرقىي تۈركىستان خەلقى تۇپراققا كۆمۈلۈش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قالدۇرۇلماقتا

شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقان خىتاي ئۇيغۇرلارنى تۇپراققا دەپنە قىلىنىشتەك ئاخىرقى ئىنسانىي ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلماقتا.

لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇت يېقىنقى كۈنلەردە توپلىغان بىر قىسىم سىنلار خىتاينىڭ يەنە بىر تۈرلۈك جىنايىتىنى پاش قىلغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئىسلامىي يوسۇندا تۇپراققا دەپنە قىلىنىپ كەلگەن، ئۆزگىچە خاس دەپنە، مازار كۈلتۈرى شەكىللەندۈرگەن ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە بېتوندىن ياكى پىشىشىق خىشتىن ياسالغان، قەۋەتلىك قورۇلۇشلارغا مەجبۇرىي دەپنە قىلىنماقتا.





بۇ سىنلارنىڭ بىر نەچچىسىدە ئۈستى يېپىق قەبرە ئۆيى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مېيىتلىرى پىششىق خىش ۋە سېمونت بىلەن ئۈچ قەۋەت قىلىپ سېلىنغان كاتەكسىمان ئورۇنغا قويۇلۇپ، ئېغىزى سېمونت لاي بىلەن ئېتىۋېتىلگەن. «قەبرە» ئېغىزىغا ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئىسمى ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ئۇيغۇرچە، خىتايچە يېزىلغان.

باشقا سىنلاردا بولسا يەكەن ناھىيەسىدىكى بېتوندىن ياسالغان تاۋۇتلار ۋە يانمۇ يان ياسالغان، قاتار كەتكەن سېمونت قەبرىلەر كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىر ئۇيغۇر مازارلىقى ئىكەنلىكى پەرق ئېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئاللىبۇرۇن چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرى بولۇپ، ھەددىدىن ئاشقان خىتاي بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي قائىدىلەر بويىچە تۈپراققا كۆمۈلۈش ھوقۇقىنىمۇ دەپسەندە قىلغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭرى، نوپۇس زىچلىقى تۆۋەن بولۇپ، «يەر-تۈپراق يېتىشمەسلىك»تىن ئىبارەت باھانىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

خىتاينىڭ ئۇيغۇر مازارلىقلىرىنى ۋەيران قىلىش جىنايىتى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا كۆپلەپ خەۋەر قىلىنغان ۋە بۇ ھەقتە بىر قىسىم دوكلاتلار تەييارلانغان. خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەقبەرىلەرنى ۋەيران قىلىپلا قالماستىن، ھەرقايسى جايلاردىكى يۈزلىگەن مازارلىقلارنى تۈزلەپ، ماشىنا توختىتىش مەيدانى ياكى باشقا ئورۇنلارغا ئۆزگەرتكەن. خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرى نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە تەتقىقات ئورگانلىرى تەرىپىدىن سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلانغاندى.



# خىتاي ئۇيدۇرما قەھرىمانى ۋەن توگشۇنىڭ قولىيازمىلىرىنى مىراس تىزىملىكىگە كىرگۈزدى



خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋەن توگشۇ ئىسىملىك خىتاينى «ئۇيغۇر مۇقامىنى قۇتقۇزۇۋالغان تۇنجى كىشى» دەپ كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، خىتايلارنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى، قۇتقۇزغۇچىسى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولۇپ، يېقىندا ئۇنىڭ قولىيازمىلىرىنى خىتاينىڭ ئارخىپ-ماتېرىيال مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاي ئارخىپ ئىدارىسى 9-ئىيۇن ئالتىنچى تۈركۈمدىكى «خىتاي ئارخىپ-ماتېرىيال مىراسلىرى تىزىملىكى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، سانى 30 دىن ئاشىدىغان «12 مۇقام ۋەن توڭشۇ نوتا قولىيازمىلىرى»مۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن.

خەۋەردە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا «يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان» ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، مۇزىكانت ۋەن توڭشۇنى «قۇتقۇزۇش خىزمىتى»گە مەسئۇل قىلغانلىقى، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇيغۇر 12 مۇقامى توپلىنىپ، رەتلىنىپ، ساقلىنىپ قالغانلىقىغا ئوخشاش قېلىپلاشقان سەپسەتىلەر قەيت قىلىنغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيەت تارىخىنى بۇرمىلاش، ئۆزىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى قىلىپ كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە، ۋەن توڭشۇنى ئۇيغۇر 12 مۇقامنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى قىلىپ تەشۋىق قىلىۋاتقان بولۇپ، مۇقاملارنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى، قوغدىغۇچىسى بولغان مەرھۇم تۇردى ئاخۇن بولسا قوشۇمچە شەخسكە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان.

ۋەن توڭشۇ 2023-يىلى 99 يېشىدا ئۆلگەندىن كېيىن، خىتاي ئاتالمىش «شىنجاڭ» سەنئەت ئىنستىتۇتىدا «ۋەن توڭشۇ مۇقام ئارخىپخانىسى مۇزېيى» ئاچقاندىن سىرت، يەنە 2025-يىلدىكى نۇقتىلىق پىلانلانغان كىنولارنىڭ قاتارىدا ۋەن توڭشۇنى ئۇيغۇر 12 مۇقامنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى قىلىپ تەسۋىرلىگەن بىر كىنو ئىشلەپ چىققان.




# يېڭى دوكلات ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى مەسىلىسىنى قايتىدىن كۆنتەرتىپكە كەلتۈردى

گوللاندىيەگە جايلاشقان خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى - «يەرشارى ھوقۇق ئۇيغۇنلاشتۇرۇش تەشكىلاتى» (GRC) 11-ئىيۇن يېڭى دوكلات ئېلان قىلىپ، كۆپلىگەن خەلقئارالىق شىركەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق مىنېرال ماددىلارنى سېتىۋالغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. بۇ دوكلاتنىڭ سىيرەك تۇپا مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن ئامېرىكا-خىتاي سودا سۆھبىتى مەزگىلىدە ئېلان قىلىنىشى تاراتقۇلارنىڭ تېخىمۇ دىققىتىنى قوزغىدى.

مەزكۇر دوكلاتتا Nescafe، Coca-Cola ، Walmart، Carrefour، Starbucks، Disney قاتارلىق خەلقئارالىق ماركىلارنىڭ خىتايدىكى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇري ئەمگەككە چېتىشلىق بولۇشى مۇمكىنلىكى، بولۇپمۇ تېتان، لىتىي، بېرىللىي، ماگنىي قاتارلىق مىنېرال ماددىلارنى سېتىۋېلىشتا ئالاقىدار ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

«مەنبەدىكى خەتەر: مىنېرال ماددا تەمىنلەش زەنجىرى ۋە ئۇيغۇر رايونىدىكى دۆلەت زورلىغان مەجبۇري ئەمگەك» ماۋزۇلۇق مەزكۇر دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى قېزىلما بايلىقلارنى چارلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىقى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مىللەتلەرنى نىشان قىلغان سىستېمىلىق مەجبۇري ئەمگەك مېخانىزمى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى تېتان، لىتىي، بېرىللىي، ماگنىي قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان جەمئىي 77 خىتاي كانچىلىق ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش شىركىتى خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش» تۈرىگە قاتناشقان. يېقىنقى ئىككى يىلدا خەلقئارالىق داڭلىق ماركىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەم دېگەندە 68 شىركەت مەجبۇري ئەمگەككە چېتىلغان مەزكۇر خىتاي شىركەتلىرىدىن مەھسۇلات سېتىۋالغان.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىستېمىلىق مەجبۇري ئەمگەك تىجارەت تەننەرخىگە تولۇقلىما بېرىشنىڭ بىر ۋاستىسى بولۇپلا قالماي، يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئائىلىسىدىن ئايرىش، يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىش، جازا لاگېرىغا قاماش قاتارلىق باستۇرۇشلىرىنى كۈچەيتىشكە ھەسسە قوشقان. دوكلاتتا خىتاي يولغا قويغان مەجبۇري ئەمگەك قىلمىشىنىڭ

ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا يەنە ئامېرىكىنىڭ 2021-يىلى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنىنى ماقۇللاپ، شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەنلىكى، ئەمما نۆۋەتتىكى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنىڭ يەنىلا يېتەرلىك ئەمەسلىكى، نەتىجىدە تىتان قاتارلىق مۇھىم مىنېرال ماددىلارنىڭ دۇنيا بازىرىغا كەڭ كۆلەمدە ئېقىپ كىرىۋاتقانلىقى قەيت قىلىنغان. «يەرشارى ھوقۇق ئۇيغۇنلاشتۇرۇش تەشكىلاتى» ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە شىركەتلەرنى تەمىنلەش زەنجىرىنى ياخشى تەكشۈرۈشكە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىشتىن ساقلىنىشقا چاقىرغان.

نۆۋەتتە ھەرقايسى شىركەتلەر بۇ دوكلات ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرمىگەن. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى لىن جيەن تونۇگۈن مۇخبىرلارنىڭ مەزكۇر دوكلات ھەققىدىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ،



خىتاينىڭ ئەزەلدىن ھېچكىمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا مەجبۇرلاپ باقمىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىنىڭ خىتايغا قارشى كۈچلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغانچىلىق ئىكەنلىكىنى، بەزى تەشكىلاتلارنى ئىنسان ھەقلىرى باھانىسى بىلەن خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى توختىتىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىلجىرلىدى.




ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغا قەدەر بايقالغان 153 مىنېرال ماددا خىتاي قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ 88% نى ئىگىلەيدىكەن. شەرقىي تۈركىستان نۆۋەتتە خىتاينىڭ تىتان ۋە بېرىللىي ئىشلەپچىقىرىدىغان ھالقىلىق بازىسىغا ئايلانغان بولۇپ، نۇرغۇن دۆلەتلەر مەزكۇر مىنېرال ماددىلارنى «مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك مىنېرال ماددا» قاتارىغا كىرگۈزگەن. بۇ سەۋەبلىك، خىتاي يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا كان چارلاش، ئېچىش، خىتاي شىركەتلىرىگە تۈركۈملەپ ھۆددىگە بېرىش ھەرىكىتىنى تېز سۈرئەتتە كۈچەيتمەكتە.

# خىتاي ئۇزۇن يىل پىلانلاپ قۇرۇپ چىققان توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن

خىتاي يىللاردىن بۇيان پىلانلاپ، ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ياساپ چىققان قومۇل - چۆچەك ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، خىتاي بۇنى ئالاھىدە مۇراسىم بىلەن تەبرىكلىدى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «شىنجاڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش 3-لىنىيەسى» دەپ ئاتالغان قومۇل - چۆچەك ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى يېقىندا پۈتۈپ، رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن.

خىتاي مەزكۇر قۇرۇلۇشنى 2023-يىلى 8-ئايدا باشلىغان بولۇپ، خىتاينىڭ 14-بەش يىللىق پىلانىدىكى 102 تۈرلۈك مۇھىم قۇرۇلۇشنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلگەن. قومۇل شەھىرىنىڭ باركۆل ناھىيەسىدىن باشلىنىپ، خىتاينىڭ چۆچەك شەھىرى يۇمىن رايونىدا ئاياغلىشىدىغان بۇ لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2260 كىلومېتىر ئىكەن ۋە خىتاينىڭ گەنسۇ، شەنشى، سىچۇەن، چۆچەك قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلىرىدىن ئۆتىدىكەن. مەزكۇر قۇرۇلۇش توك يەتكۈزۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، ھەر يىلى چۆچەكگە يەتكۈزۈلىدىغان توك مىقدارى 36 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشىدىكەن.

10-ئىيۇن شەرقىي تۈركىستاندا ۋە خىتاينىڭ چۇڭچىڭ شەھىرىدە ماس قەدەملىك پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان توك بايلىقىنى خىتايغا يەتكۈزۈش سىستېمىسى رەسمىي قوزغىتىلغان. خەۋەردە مەزكۇر لىنىيەنىڭ خىتاينىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئېنېرگىيە بايلىقى ئىستراتېگىيەلىك كاپالەت بازىسىنى قۇرۇشتىكى مۇھىم بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس قەدەمدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىش جىنايىتىنى كەڭ كۆلەمدە، تېز سۈرئەتتە داۋاملاشتۇرماقتا.



# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن قانچىلىك كۆمۈر بايلىقى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى؟

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن تارتىپ، تۈرلۈك تەبىئىي بايلىقلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى توختاۋسىز داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى بۇ ھەپتە ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتلار تالان-تاراجنىڭ مىقدارىنى مەلۇم جەھەتتىن كۆرسىتىپ بەردى.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 12-ئىيۇن ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش جىنايىتى 70 نەچچە يىللىق ئۇتۇق سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىنغان. ماقالىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر بايلىقى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 2 تىرىليون 190



مىليارد تونىنا ئىكەنلىكى، بۇ خىتاينىڭ كۆمۈر بايلىقى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 40.6% نى ئىگىلەيدىغانلىقى ۋە خىتاي بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

مەزكۇر تەشۋىقات ماقالىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1949-يىلى خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 179 مىڭ 800 تونىنا بولۇپ، كېيىن ئارقىمۇ ئارقا كۆمۈر كانلىرى قۇرۇلغان ۋە 1957-يىلىغا كەلگەندە تاشكۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 120 مىڭ توننىغا يەتكەن، 1978-يىلى تۇنجى قېتىم 10 مىليون توننىدىن ئاشقان. خىتاينىڭ بۇلاڭ-تالاڭنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە، 2024-يىلىغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشلەنمىگەن تاشكۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 541 مىليون توننىغا يەتكەن. بۇلاردىن سىرت، شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلىدىغان ھەم قۇرۇلۇۋاتقان كۆمۈر خىمىيە سانائىتى تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي سېلىنما كۆلىمى 500 مىليارد يۈەندىن ئاشقان.

ماقالىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر بايلىقىنىڭ خىتاي ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن بولۇپ، «خىتاينى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتىكى تۇراقلاشتۇرغۇچ» دەپ سۈپەتلەنگەن ۋە شۇنداقلا كۆمۈر يەتكۈزۈلىدىغان خىتاي ئۆلكىلىرىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقى، يەتكۈزۈش لىنىيەلىرىنىڭ داۋاملىق كۆپەيتىلىۋاتقانلىقى، تاشيول، تۆمۈريول، سۇ يولىدىن ئىبارەت كۆپ خىل ئۇلاپ توشۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىنغانلىقى تەكىتلىنىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرلۈك قاتناش لىنىيەلىرىنى غايەت زور مەبلەغ بىلەن كېڭەيتىپ قۇرۇشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئانالىزچىلار خىتاينىڭ ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي سانلىق مەلۇماتلارنى يوشۇرىدىغانلىقىنى، بايقالغان ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان تەبىئىي بايلىق مىقدارىنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاي ئېلان قىلغاندىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلمەكتە.



# دۆلەت ئەربابى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋاپاتىنىڭ 60 يىللىقى خاتىرىلەندى

14-ئىيۇن ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا مۇجاھىد قوماندان، ئالىم، دۆلەت ئەربابى، ئەدىب، تارىخشۇناس مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ۋاپاتىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

قۇرئان تىلاۋىتىدىن كېيىن ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوتسېنت، دوكتور ئالىمجان بۇغدا ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالدىنقى ئەسىردە ئىشغال ئاستىدا قېلىش تارىخىدىن ئېلىنىدىغان ئىبرەتلەرنىڭ



كۆپ ۋە مۇھىم ئىكەنلىكىنى، خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىمىنىڭ ھاياتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

ئارقىدىن ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى تەييارلىغان، مەرھۇمنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى بايان قىلىنغان قىسقا فىلىم قويۇلدى. پائالىيەتتە مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان فەتھۇددىن بۇغرا «ھەزرىتىمىنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى ۋە مەدرىسە ھاياتى» تېمىسىدا، مۇھەممەد ئەلى ئەلئۇغلى «ھەزرىتىمىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىدىن ئەسلىمىلەر» تېمىسىدا، ئاتاۋۇللاھ خەلپەتھاجىم «ھەزرىتىمىنىڭ جىھادىي ھەرىكىتى» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ، مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىلىم ئېلىش جەريانى، ھىجرەت، سەپەرلىرى، ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ۋەتەن ئىچى-سىرتىدىكى كۈرەش تارىخىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلى ئەلئۇغلى ئەپەندى لېكسىيە جەريانىدا مەرھۇمنىڭ ھازىرغىچە تارقىتىلىپ باقمىغان كۈندىلىك خاتىرىلىرىدىن بىر قىسىم تەسىرلىك كارتىنىلارنى كۆرسىتىپ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جاپالىق كۈرەشلىرىنى، تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي پائالىيەتلىرىنى، چەككەن ئىزتىراپلىرىنى يورۇتۇپ بەردى.

ئاخىردا بىر قىسىم ئۇستازلار سۆز قىلىپ، بۇ پائالىيەت ئارقىلىق مەرھۇمنى قايتىدىن تونۇپ چىققانلىقىنى، ئۇنىڭ كۈرەش ھاياتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكىنى تەكىتلەشتى. پائالىيەت مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتالغان خەتمە قۇرئان دۇئاسى ۋە ئۇيپچە دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتى.

# خىتاي ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرىنى جازا تىزىملىكىدىن چىقىرىشنى ئويلاشماقتا

خىتاينىڭ 2021-يىلى ئۇيغۇرلار ھەققىدە خىتاينى تەنقىد قىلغان ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرىغا يۈرگۈزۈلگەن جازانى بىكار قىلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەنگلىيە-خىتاي مۇناسىۋىتىدىكى سوغۇقچىلىقنىڭ پەسىيىۋاتقانلىقىنىڭ يېڭى ئىپادىسى دەپ قارالماقتا.

مۇھاپىزەتچى گېزىتىنىڭ 15-ئىيۇندىكى مەخسۇس خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىكى ئىككى خەۋەر مەنبەسى خىتاي رېجىمىنىڭ 2021-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى ئەيىبلىگەن پارلامېنت ئەزالىرىغا يۈرگۈزۈلگەن جازاغا قايتا قاراپ چىقىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ ئۆزگىرىش ئالدىنقى ھەپتە خىتاينىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى خې لىفېڭ ۋە سودا مىنىستىرى ۋاڭ ۋېنتاۋ قاتارلىق بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئەنگلىيەگە زىيارەتكە بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قاتارلىق مەسىلىلەردە خىتاي رېجىمىنى كۈچلۈك تەنقىد قىلغانلاردىن ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن، 2021-يىلى مارت ئېيىدا ئەنگلىيەنىڭ بەش پارلامېنت ئەزاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز شەخسكە ۋە ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى، خىتاي تەتقىقات گۇرۇپپىسى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ۋە ئېسسېكس ئادۋوكاتلار بىرلەشمىسى قاتارلىق تۆت ئورگانغا جازا يۈرگۈزگەنىدى.



خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، نۆۋەتتە خىتاينىڭ بۇ جازانىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلدىغانلىقى ياكى بىر قىسمىنىلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىكەن.

خىتاينىڭ ئەنگلىيەدىكى باش ئەلچىخانىسى باياناتچىسى بۇ ھەقتە ئىپادە بىلدۈرۈپ: «خىتاي ھەمىشە ئەنگلىيە بىلەن مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ھازىر ئەنگلىيە-خىتاي مۇناسىۋىتى ئاكتىپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ» دېگەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى بۇ مەسىلىدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيەنىڭ باشتا «يولسىز جازا يۈرگۈزگەنلىكى»نى، خىتاينىڭ بۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللانغانلىقىنى دەۋا قىلدى.

خىتاي بۇ يىل ئاپرېل ئېيىدا، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە خىتاينى تەنقىد قىلغانلىقى سەۋەبلىك، 2021-يىلى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بەش پارلامېنت ئەزاسىغا يۈرگۈزۈلگەن جازانى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى.

# 2-نۆۋەتلىك خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنى قازاقىستاندا ئېچىلدى



خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىر كۈچىنى زورايتىۋاتقان ۋە تېخىمۇ كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، 2-نۆۋەتلىك خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنى قازاقىستاندا ئېچىلدى. خىتاي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار ساختا تەشۋىقاتىنى كۈچەپ بازارغا سالدى.

قازاقىستان خەلقئارا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ختاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىكى 17-ئىيۇن قازاقىستان پايتەختى ئاستانىدە باشلانغان بولۇپ، ختاي رەئىسى شى جىنپىڭ ئالدىنقى كۈنى قازاقىستانغا يېتىپ بارغان.

قازاقىستان خەلقئارا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر بىلدۈرۈلۈشىچە، مەركۇر يىغىنغا ختاي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن ھەرقايسى ساھەلەردىكى مىڭدىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشقان. يىغىندا ختاي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى 35 تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىغان بولۇپ، ئومۇمىي قىممىتى 17 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدىكەن.

قازاقىستاننىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ۋە ئىقتىساد مىنىستىرى سېرىك جۇمانغارىن باشلىقلار ئۇچرىشىشىنىڭ سودا ئىشلىرى يىغىنىدا سۆز قىلىپ، بۇلتۇر ختاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مىقدارىنىڭ 95 مىليارد دوللارغا يەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستان بىلەن ختاينىڭ سودا مىقدارىنىڭ 44 مىليارد دوللارنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان.


16-ئىيۇن قازاقىستان دۆلەتلىك مۇزېيىدا يەنە «ختاي ساياھەت يىلى»نىڭ باشلىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ختاي ساياھەتچىلىرىنىڭ قازاقىستاندا مېھمانخانا، ساياھەت شىركەتلىرى ۋە تۈرلۈك ئەسلىھەلەر جەھەتتىن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەتكە ئېرىشىشكە قولايلىق يارىتىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. شۇ كۈنى دۆلەتلىك مۇزېيدا ختاي مەدەنىيىتى تونۇشتۇرۇلغان كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلگەن.




خىتاي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار ساختا تەشۋىقاتلىرىنى كۈچەيتكەن بولۇپ، خىتاي خەۋەرلىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى بۇرمىلاپ تەسۋىرلەنگەن كىنو «شاڭخەيدىكى ئايگۈل» 16-ئىيۇن قازاقىستاننىڭ «KTK» تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ ئالتۇن ۋاقىتىدا قويۇلغان ۋە 17-ئىيۇن قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە قانىلى «قەدەم TV»دا قويۇلىدىغانلىقى، بۇ ئاي ئىچىدە ھەر ئىككى قانالدا يەنە قايتا قويۇلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. خىتاي بۇ كىنودا «شاڭخەيدە ياشاۋاتقان بىر ئائىلە كىشىلىرى»دىن ئىبارەت توقۇلما ۋەقەلىكنى بايان قىلىش ئارقىلىق،

ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىش جىنايىتىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغان.

تۇنجى نۆۋەتلىك خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنى 2023-يىلى ماي ئېيىدا خىتاينىڭ شىئەن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، كۆپلىگەن ھەمكارلىق كېلىشىملىرى ئىمزالانغانىدى ۋە يىغىندىن كېيىن 15 ماددىلىق «شىئەن خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا خىتاينىڭ بۇ مۇھىم يىغىنىنى قەدىمىي شەھرى شىئەنگە ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئوتتۇرا ئاسىيا رەھبەرلىرىنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمدىكى ئالاھىدە سەھنە لايىھەسى ۋە ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۇسۇلى دىققەت قوزغىغانىدى.



# ئۈرۈمچى بىلەن سەمەرقەنت «دوست شەھەر» مۇناسىۋىتى ئورناتتى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، ئالدىنقى ھەپتە قازاقىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى نۆۋەتلىك خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنىدا ئۈرۈمچى شەھرى بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەنت شەھرى دوست شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتقان.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋرىدە ئۈرۈمچى بىلەن سەمەرقەنتنىڭ 2023-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا دوست شەھەر مۇناسىۋىتى ئورنىتىش پىكرى ئىمزالىغانلىقى، بۇ ئارقىلىق ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت، مائارىپ، ساياھەت، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى





ئىلگىرى سۈرۈشنى پىلانلىغانلىقى، بۇ قېتىملىق باشلىقلار ئۇچرىشىشىدىن ئىككى تەرەپ رەسمىي تەرىقىدە ئىمزا قويۇپ، دوست شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقى بايان قىلىنغان.

ختاي خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1985-يىلىدىن ھازىرغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى شەھەرلەر بىلەن دوست شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتقان چەت ئەل شەھەرلىرى 54 ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 12 دۆلەتتىكى 14 شەھەر بىلەن دوست شەھەر مۇناسىۋىتى بار ئىكەن.

بۇ ھەقتىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلىشىچە، نۆۋەتتە ئامېرىكىنىڭ بىر، كانادانىڭ بىر، تۈركىيەنىڭ بىر، ياپونىيەنىڭ ئىككى، ئاۋسترالىيەنىڭ بىر شەھىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئوخشىمىغان شەھەرلەر بىلەن دوست شەھەر مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، قالغانلىرى بولسا رۇسىيە، ئىران، پاكىستان، بېلارۇسىيە، گىرۇزىيە، موڭغۇلىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى شەھەرلەر ئىكەن.

ختاي بۇ خىل دىپلوماتىك ئۇسۇل ئارقىلىق ۋە بىر تەرەپتىن زور ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاش، يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. ھالبۇكى، يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە ختاينىڭ ھەقىقىي غەرىزىنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە سۈكۈت قىلماسلىقنى تاللىغان ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە تۈركىيەدىكى بىر قىسىم شەھەرلەر شەرقىي تۈركىستان ۋە ختايدىكى شەھەرلەر بىلەن بولغان دوست شەھەر مۇناسىۋىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.



# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مەھەللىرىنى يوقىتىش جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مەھەللىرىنى ۋەيران قىلىش، ئۆزگەرتىش جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، يېقىندا يەنە 90 غا يېقىن شەھەر-بازاردىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى ئېلان قىلدى.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى»نىڭ خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمى يېقىندا «كونا ئولتۇراق رايونلارنى، كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش» نامىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى 89 شەھەر-بازاردا ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى پىلانلىغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن مەركەز خامچوتىدىن 2 مىليارد 718 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجراتقان.

مەزكۇر مەبلەغ شەھەر-بازارلاردىكى 1364 ئولتۇراق رايوننى ۋە 13 مىڭدىن ئارتۇق ئۆينى ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، 350 مىڭغا



يېقىن ئائىلىگە چېتىلىدىكەن. خەۋەردە ئۆزگەرتىش پىلانىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلەرنى يېڭىلاش، ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

ھالبۇكى، خىتاي ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جەريانىدا ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى يوقىتىش، ئۆزگەرتىش جىنايىتىگە ئالاھىدە كۈچ ۋە خىراجەت سەرپ قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللە مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىش، قويۇق ئۇيغۇر-ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان قۇرۇلۇش، ئىمارەتلەرنى، بازارلارنى كۆزدىن يوقىتىش مەقسىتىگە يەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئولتۇراق رايونلىرىدا نازارەت ۋە كونتروللۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە.

# خىتاي ئۈرۈمچىدە 2025-يىللىق ئاسىيا-ياۋروپا سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى

شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان خىتاي كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى تەكلىپ قىلىپ، 2025-يىللىق (خىتاي) ئاسىيا-ياۋروپا تاۋار سودا يەرمەنكىسىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزدى.


26-ئىيۇندىن 30-ئىيۇنغىچە داۋاملاشقان مەزكۇر يەرمەنكە ئۈرۈمچىدىكى خەلقئارا يىغىن-كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاي نەچچە ئايدىن بۇيان ئالاھىدە تەييارلىق قىلغان ۋە تەشۋىق قىلغان.

خىتاي خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 50 دۆلەتتىن كەلگەن 1800 دىن ئارتۇق كارخانا يەرمەنكىگە، 1000 دىن ئارتۇق كارخانا ئالاقىدار يىغىنغا قاتنىشىدىغان بولۇپ، خىتاي ئۆلكىلىرى ۋە چەت ئەلدىن 8000 دىن ئارتۇق سېتىۋېلىش سودىگىرى يىغىلغان. يەرمەنكە جەريانىدا 60 نەچچە سودا تەشۋىقاتى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش پىلانلانغان. يەرمەنكە يەنە ئاممىغا ئېچىۋېتىلگەن.

ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ باش ئىجراچىلىرىدىن ما شىڭرۇي، قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۇنىياز قاتارلىقلار سۆز قىلىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلەر ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى، سودا پۇرسىتى ياراتقانلىقى، بۇ قېتىملىق سودا يەرمەنكىسىنىڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

خىتاي يەرمەنكە باشلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۈرۈمچىدە يەنە ئاتالمىش «ئاسىيا-ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇش، خىتايغا مەبلەغ سېلىش، شىنجاڭغا كىرىش» تېمىسىدا 2025-يىللىق سودىغا مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچقان. يىغىندا ئاتالمىش «شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، مۇقىم قىلىش، مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش» قاتارلىق تېررور سىياسىتى ئىبارىلىرى تەكرارلانغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشنى توختاتماي ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرىي ئەمگەك جىنايىتى نۇقتىلىق ھالدا خەلقئارا جەمئىيەتتە داۋاملىق تەنقىدلەنمەكتە ۋە بۇ توغرۇلۇق كۆپلىگەن دوكلاتلار ئارقىمۇ ئارقا ئېلان قىلىنماقتا. ھالبۇكى، نۆۋەتتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىجرا قىلىۋاتقان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»دىن باشقا بۇ جىنايەتنى توسىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەت يوق بولۇپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان خىتاي ئاسىيا-ياۋروپا سودا يەرمەنكىسىگە ئوخشاش ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىقتىساد، سودا ساھەسىدە مەنپەئەتكە ئېرىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلىماقتا. كۆپلىگەن دۆلەتلەر، خەلقئارالىق شىركەتلەر بۇ جىنايەتكە شېرىك بولماقتا.



# شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان گازنى خىتايغا يەتكۈزۈش لىنىيەسى تۆتكە يەتتى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن تالان-تاراج قىلغان تەبىئىي بايلىقلارنى خىتايغا توشۇش لىنىيەسىنى بارغانسېرى كۆپەيتىۋاتقان بولۇپ، ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش 4-لىنىيەسى» دەپ نام بېرىلگەن تۇرپان – جۇڭۋېي لىنىيەسى تولۇق تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 26-ئىيۇندىكى ئالاقىدار خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ ھەپتە تۇرپان – جۇڭۋېي لىنىيەسىنىڭ گەنسۇ - نىڭشيا بۆلىكى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن تۇرپان – جۇڭۋېي لىنىيەسى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلۇپ، 4-لىنىيە سۈپىتىدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان تەبىئىي گازلارنى خىتايغا توشۇشقا باشلىغان.

مەزكۇر لىنىيە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇرپان شەھىرىدىن نىڭشيانىڭ جۇڭۋېي شەھىرىگىچە تۇتىشىدىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان، گەنسۇ، نىڭشيادىكى 17 ناھىيە (شەھەر) دىن ئۆتىدىغان مەزكۇر لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1745 كىلومېتىر كېلىدىكەن. ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن يىللىق گاز يەتكۈزۈش مىقدارى 15 مىليارد كۇب مېترغا يېتىدىكەن. بۇنى سۈندۈرۈپ ھېسابلىغاندا 27 مىليون توننىدىن ئارتۇق ئۆلچەملىك كۆمۈرنىڭ ئورنىنى ئالغانغا، تەخمىنەن 50 مىليون توننا كاربوننىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئازايتقانغا باراۋەر كېلىدىكەن.

مەزكۇر لىنىيە خىتاينىڭ 14-بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق تۈر بولۇپ، خىتاينىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە



ئىگە ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان. خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي گازلىرىمۇ مەزكۇر لىنىيە ئارقىلىق خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇلىدىكەن.

خىتاينىڭ تالان-تاراج لىنىيەسىنى تېز سۈرئەتتە كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە، بۇ ئايدا يەنە ئاتالمىش «شىنجاڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش 3-لىنىيەسى» دەپ ئاتالغان قومۇل – چۇڭچىڭ ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنىدى. خىتاي يەنە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلاش، ئىلغار تېخنىكىلار ئارقىلىق چارلاش-تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، ھەرخىل كانلارنى خىتاي شىركەتلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق قىلمىشلىرى ئارقىلىق، تالان-تاراجنى زورايتماقتا ۋە بۇ جەرياندا «خىتاينىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» ئىبارىلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلىمەكتە.

خىتاي بۇنى تەرەققىيات ئۇتۇقلىرى دەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، غايەت زور تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ھەققىي ئىگىلىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامراتلىق ئىچىدە ياشاپلا قالماي، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

# كانادا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ خەيكاڭ شىركىتىنى «قارا تىزىملىك»كە كىرگۈزدى

كانادا ھۆكۈمىتى دۆلەت بىخەتەرلىكى ئەندىشىسى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ كۆزىتىش كامېراسى شىركىتى خەيكاڭنىڭ كانادادىكى تىجارىتىنى توختىتىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. BBC نىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، كانادا سانائەت مىنىستىرى مېلىنى جولى 27-ئىيۇندىكى باياناتىدا بۇ ھەقتىكى قارارنى ئېلان قىلىپ، دۆلەت بىخەتەرلىكى ئەندىشىسى سەۋەبىدىن، كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ كۆزىتىش كامېراسى ياساش شىركىتى خەيكاڭنىڭ كانادادىكى تىجارىتىنى توختىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى ئۇقتۇرغان.



كانادا ئۆتكەن يىلدىن تارتىپ خەيكاڭ شىركىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاينىڭ كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرى شىركەتلىرىگە قارىتا تەكشۈرۈش باشلىغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئۇقتۇرۇشتا مەزكۇر قارارنىڭ كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈش ۋە ئىستىخبارات ئورگانلىرى تەمىنلىگەن دەلىل-ئىسپاتلار ئاساسىدا چىقىرىلغانلىقى، كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ خەيكاڭ شىركىتى تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرسا، كانادانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

بۇلاردىن سىرت، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرى، ئورگانلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنىڭ خەيكاڭ شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشى ياكى ئىشلىتىشى چەكلەنگەن بولۇپ، بۇندىن كېيىن قالدۇق مەھسۇلاتلارنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىدىكەن.

خەيكاڭ شىركىتىنىڭ بىر باياناتچىسى شىركەتنىڭ بۇ قارارغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، مەزكۇر قارارنى چىقىرىشتا ئەمەلىي ئىسپات، ئادىللىق ۋە ئاشكارىلىقنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى، خىتاي شىركەتلىرىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

كانادا خەيكاڭ شىركىتىنى چەكلىگەن تۇنجى دۆلەت ئەمەس بولۇپ، 2021-يىلى 3-ئايدا ئامېرىكا فېدېراتسىپ ئالاقە كومىتېتى خەيكاڭ شىركىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش خىتاي شىركىتىنى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدىكى مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىنى چەكلىگەنىدى.

خەيكاڭ شىركىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدە، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنى نازارەت قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان تېخنىكا شىركىتىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىزچىل تەنقىدىگە ئۇچراپ كەلمەكتە. بىر قىسىم تەتقىقات ئورگانلىرى يەنە خىتاينىڭ خەيكاڭ، داخۇا قاتارلىق شىركەتلىرىنىڭ چىراي تونۇش تېخنىكىسى ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنى ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ، نازارەت قىلىش مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى ئاشكارىلىغاندى.




**ختاي ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى يوقىتىش جىنايىتىنى تۈرلۈك ناملار ئاستىدا پىلانلىق ئىجرا قىلماقتا.**




**شەرقىي تۈركىستاننىڭ غايەت زور بايلىقى ختاينىڭ تالان-تاراجلىرى ئاستىدا.**

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN BASIN VE MEDYA DERNEĞİ

EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.

www.istiqlalhaber.com | www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15 +90 553 895 19 33 +90 541 797 77 00